# ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

## 1- توپلام



جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئىنجالە
ئاقسۇ شەھەرلىك كومىتېتى تارىخىي ماتېرىياللار ھەيئىتى

# ئاقسۇ شەھىرى تارىخىي ماتېرىياللار

## تەھرىر ھەيئىتى

**ھەيئەت مۇدىرى:** ليۇشېجۈن

**ھەيئەتلەر:** شاۋگۇاڭ، ئابدۇللا ئەيسا، شۆي زىلياڭ، رەخمان قاسىم، ھۇشۇر كېرەم، جاۋخېڭشۇ، تۇرسۇنجان توختىياز.

**مەسئۇل مۇھەررىر:** ئابدۇللا ئەيسا، جاۋخېڭشۇ، ليۇفۇكۈي، ياڭ جىپىڭ.

**تەھرىرلەر** (فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە تىزىلىندى) ۋاڭ جۈن، شىڭ تۇڭچىڭ، ياڭ جىپىڭ، جاۋ يۈجىن، گاۋشاڭجۇ، ژاڭ شىڭلى، خاۋدۇ، سەي يۈچى.

**تېخنىكى تەھرىر:** ياسىنجان ئىبراھىم، لى خاۋشۇ.

宣传历史必须与有我国特色的社会主义精神文明和物质文明紧密地结合起来。

徐国贤

一九八五年十月二十日

تارىخنى تەشۋىق قىلىشنى
مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى-
گە ئىگە سوتسىيالىستىك مەنى-
ۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي مە-
دەنىيەت بىلەن زىچ بىرلەشتۈ-
رۈش كېرەك.

شۈ گوشيەن

1987-يىل 10-ئاينىڭ 30-كۈنى

ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق كۈرەش تارىخىنى

تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئور-

تاق كۈرەش تارىخىنى تەشۋىق قىلىپ، گۈللە-

لەنگەن، ئىتتىپاقلاشقان، تەرەققىي تاپ-

قان ئاقسۇنى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش

قىلايلى.

مەمتىمىن زاكىر

1988.7.4

تارىخي ماتېرىياللارنى رەتلەش، نەشر قىلىش
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇنى زامان-
نىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرايلى .

تۇرسۇن توختى

1988. 7 - 1

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ "تارىخىي تەزكىرە ماتېرىياللىرى" 1-سانىنىڭ

نەشىر قىلىنغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ئەجداتلىرىمىزدىن پۈتۈلگەن تارىخ،

دىيارىمىز تەۋەررۈك، دەۋرگە گۇۋا.

ئەۋلادلار ۋارىس، ئۈزۈلمەس زەنجىر،

باتۇر خەلقىمىز باسىدۇ ئالغا.

تۇرسۇن توختى

1988. 7-1

ئاقسۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى ــ بۇ دىياردا
ياشىغان ئەمگەكچان ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق قىلىشىپ
ئەھرىمانلارغا كۈرەش قىلغان تارىخىدىن ئىبارەت. بىز
بۇ پارلاق تارىخنى ئەينەك قىلىپ، داۋاملىق
ئىتتىپاق قىلىشىپ، باتۇرانە ئالغا بېسىپ، گۈللەنگەن
بەختىيار يېڭى ئاقسۇ شەھرى قۇرۇپ
چىقىشىمىز لازىم.

ئابدۇللا ئەيسا

1988-7-4

# بېغىشلىمىلار

1 - جكپ ئاقسۇ يەرلىك كومىتېتىنىڭ
تۈنجى قېتىملىق شۇجىسى شۇگوشيەن.

2 - جكپ ئاقسۇ يەرلىك كومىتېتىنىڭ
هازىرقى مۇئاۋىن شۇجىسى مەمتىمىن زاكىر.

3 - ئاقسۇ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن
ۋالىيسى تۇرسۇن توختى.

4 - ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - مائا-
رىپ باشقارمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلى-
قى ئابلا ئەيسا.

# مۇقەددىمە

## شاۋمىڭلىك

شەھەرلىك سىياسىي كېڭەش ۋە تارىخ ماتېرىياللىرى خىزمەتچىلىرى ئورتاق يېتىشتۈرۈپ چىققان، كۆزنى چاقنىتىدىغان يەنە بىر گۈل — «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» بۈگۈن پۈتۈن شەھەر خەلقى ئالدىدا نامايەن بولدى. ئۇنىڭ نەشر قىلىنىشى ھەر مەللەت كىتابخانلىرى، ھەر ساھەدىكى زاتلارنى ئاقسۇ ناھىيىسى(شەھىرى)دىكى ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى قەدىرلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، بىر دۆلەتنە ئىككى خىل تۈزۈم تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېزلىتىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىلىك ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلىرىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا بۇ كىتابنىڭ دۇنياغا كېلىشى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش.

مۇشۇ تۇنجى توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ئون ئىككى پارچە ماقالىدىنلا ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ كىتاب رەسىم ۋە يېزىق جەھەتتىن ئوخشاشلا نەپىس، تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، كىشىنى ئالغا بېسىشقا ئۈندەيدىغان تارىخ كىتابى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. «گېنېرال ۋاڭجېننىڭ تارىمغا بەش قېتىم كېلىشى» دېگەن تارىخىي پاكىتلار بايانى

گەرچە بەدىئىلىك جەھەتتە سەل ـ پەل كەمچىلىكى بولسىمۇ، ئە-
ما ئۇنىڭدا پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسىنىڭ تاردىنى ئې-
چىشتىكى ئۇلۇغۋار جاسارىتى ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا كۆيۈنۈشتەك
مېھرىۋانلىق ئوبرازى ئىپادىلەنگەن؛ «ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەز-
گىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاقسۇ رايونىدىكى خىزمەت ئەھ-
ۋالى» دېگەن ماقالە گەرچە ئۇزۇنراق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭدا خۇاڭ خۇچىڭ، لىن جىلۇ، چېن چىڭيۈەن، چېڭ جيۇ-
كې، چيەن پىڭ، سۇمى قاتارلىق ئون نەپەر جۇڭگو كومپارتىيىسى
ئەزالىرىنىڭ، پارتىيە تاپشۇرىقى بويىچە ناھىيىمىزگە كېلىپ يا-
پونغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارغانلىقى، ماركسىزم-لې-
نىنىزمنى تەشۋىق قىلىپ تارقاتقانلىقى، مائارىپ ئىشلىرىنى كەڭ
يولغا قويغانلىقى، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى
راۋاجلاندۇرغانلىقى قاتارلىق ئاجايىپ تۆھپىسى ۋە غايەت زور
نەتىجىلىرى خاتىرىلەنگەن؛ «مۇتەللىپ ئاقسۇدا» دېگەن ماقالى-
نىڭ گەرچە ھەجمى ئۇزۇنراق بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماقالىدا ۋە -
تەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شان-
لىق ھاياتى ۋە جەڭگىۋار شېئىرلىرى راستچىللىق بىلەن بايان قى-
لىنغان؛ «لىن زېشۇينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يازغان شېئىرلىرىدىن
كۆچۈرمىلەر» نىڭ سۆز مەنىسى چوڭقۇرراق بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور-
نىڭ ئىزاھاتى ئارقىلىق، يەنىلا تۇنجى قېتىم جاھانگىرلىككە قار-
شى تۇرۇش تۇغىنى كۆتەرگەن بۇ مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر گېنېرالنىڭ
مول بەدىئىي تالانتىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان چوڭقۇر
كۆيۈنۈشىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. باشقا ماقالىلار، مەسىلەن «قوم-
باش دەرياسى بويىدىكى جەڭ»، ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تەرەققىيات

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

جەريانى ھەققىدە قىسقىچە بايان»، «دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى
مەزگىللەردە ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ باشلىنىشى»،
«تارىخنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن پارچە» قاتارلىق ماقالىلار چېگرا را-
يونىنىڭ ئاقسۇدىن ئىبارەت بۇ زېمىندا ئوخشىمىغان مەزگىللەردە
مەيدانغا كەلگەن ھەقىقىي ئادەم ۋە ھەقىقىي ئىشلارنى ئوخشىمى-
غان نۇقتىدىن بايان قىلىپ بەرگەن. بۇنىڭ ئاقسۇنى چۈشىنىش
ۋە تەتقىق قىلىشنى خالايدىغان خىزمەتداشلار ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان-
لىقى شۈبھىسىزدۇر.

بۇ بىر تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ھەر دەرى-
جىلىك رەھبەرلىكنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن، تارىخ خىزمەتچىلىرى-
نىڭ قان تەرى ئارىلاشقان، مۇشۇ پۇرسەتتە، مەن ئاقسۇ شەھەر-
لىك پارتكومغا ۋاكالىتەن بۇ بىر غۇنچە تارىخ گۈلىنى يېتىشتۈرۈش-
تە تىرىشىپ مېھنەت سىڭدۈرگەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە
ھەر ساھەدىكى زاتلارغا ئەڭ سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.
ئەمما سەۋىيىمىزنىڭ تۆۋەنرەك بولۇشى، نەشىرگە تەييارلاش ۋاق-
تىنىڭ بەك جىددىي بولۇشى تۈپەيلىدىن، بۇ قىسىم تارىخىي ما-
تېرىياللارنى تەھرىرلەش ۋە نەشىر قىلىشتا نامۇۋاپىق تەرەپلەر
بولۇشى مۇمكىن. خىزمەتداشلاردىن ئەپۇ سورىغاندىن باشقا، ھەر
مىللەت كىتابخانلىرى ۋە ھەرساھەدىكى زاتلارنىڭ تەنقىد قىلى-
شىنى، كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1987 - يىل ئۆكتەبىر

# كىرىش سۆز

## ليۇ شىجۇن

يەرلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشىر قىلىش، يەرلىك
سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.
بۇ ئىنتايىن مۇھىم بولغان مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىس-
تىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.
ئۇ كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قى-
لىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىغا ۋا-
رىسلىق قىلىپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، بىر دۆلەتتە
ئىككى خىل تۈزۈم تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈش، ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتۇش، ئىتتىپاقلىشقىلى
بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئەڭ كەڭ بىرلىك-
سەپ ئورنىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن مۇھىم.

شەھىرىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتى قېرىنداش ناھى-
يە — شەھەرلەردىن كېچىكىپرەك باشلاندى. شەھەرلىك پارتكو-
منىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ زور كۈچ
بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، شۇنداقلا ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخا-
نىسى، يېزا ئىگىلىك 1 — دىۋىزىيە تەزكىرە ئىشخانىسى، شەھەر-
لىك تەزكىرە ئىشخانىسى، شەھەرلىك كۈتۈپخانا قاتارلىق ئورۇن-
لار ۋە بۇ ئىشقا قىزىقىدىغان ئۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ خالىسانە
ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشى، زور كۈچ بىلەن قوللىشى، ماسلىشى-
شى ئارقىسىدا، «ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» نىڭ
1 — قىسمى ۋۇجۇتقا كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالاقىدار ئو-

رۇنلار ۋە شەخسلەرگە سەممىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

«ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى قىسمىغا 12 پارچە ماقالە، 20 پارچە سۈرەت، بىر پارچە مەۋرىدى رايونلار خەرىتىسى كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا شەھىرىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگو ۋە ئازادلىقتىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تارىخىي تەرەققىياتى شەخسلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار بايان قىلىنغان. تەھرىرلەش جەريانىدا دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ئالاقىدار سۆھبەت يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ئېلىندى. ماقالىنى بېكىتىش جەريانىدا «كەڭ توپلاش، ئىنچىكە تاللاش»، «ھەر خىل ماتېرىياللار تەڭ مەۋجۇت بولۇش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، كەمچىلىك — خاتالىقلاردىن خالىي بولالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ماتېرىياللار كېيىن داۋاملىق نەشىر قىلىنىدۇ. ھەمدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تارىخ تەتقىقات تارماقلىرى ۋە ئاقسۇنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ پېشقەدەملەرنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1987 — يىل ئۆكتەبىر

رونلار ۋە شەخسىلەرگە سەممىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

«ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى»نىڭ بىرىنچى قىسمىغا 12 پارچە ماقالە، 20 پارچە سۈرەت، بىر پارچە مەمۇرىي رايونلار خەرىتىسى كىرگۈزۈلدى. بۇ ماقالىلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا شەھىرىمىزنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگو ۋە ئازادلىقتىن بۇيانقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مىللىي ئۆرپ-ئادەت، تارىخىي تەرەققىياتى شەخسىلەرگە ئائىت تارىخىي ماتېرىياللار بايان قىلىنغان. تەھرىرلەش جەريانىدا دېموكراتىيە جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، ئالاقىدار سۆھبەت يىغىنلىرى چاقىرىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەڭ پىكىر ئېلىندى. ماقالىنى يېزىش جەريانىدا «كەڭ توپلاش، ئىنچىكە تاللاش»، «ھەر خىل ماتېرىياللار تەڭ مەۋجۇت بولۇش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

تەجرىبىمىزنىڭ كەمچىل بولۇشى، سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، كەمچىلىك — خاتالىقلاردىن خالى بولالماسلىقىمىز مۇمكىن، ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىد قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ماتېرىياللار كېيىن داۋاملىق نەشر قىلىنىدۇ. ھەمدە ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر تارىخ تەتقىقات تارماقلىرى ۋە ئاقسۇنىڭ تارىخىنى چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان ھەۋەسكارلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ. كىتابخانلارنىڭ، بولۇپمۇ پېشقەدەملەرنىڭ بۇ ئىشنى ياخشى ئىشلىشىمىزنى قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1987 — يىل ئۆكتەبىر

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ شاۋشىڭلىڭ

كىرىش سۆز ........................................ ليۇشىجۇن

گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ تارىمغا بەش قېتىم كېلىشى

........................................ سەي يۇچى ( 1 )

ئاقسۇ شەھىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى ھەققىدە

قىسقىچە بايان ........................................ جاۋخېڭشۇ ( 28 )

قۇمباش جېڭى ........................................ ياڭ جېيىڭ ( 37 )

لىن زېشۈينىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا يازغان شېئىرلىرىدىن

كۆچۈرمىلەر ........................................ لى يۇ ( 49 )

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئاقسۇدا........................................ جيامۇ ( 60 )

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى-

نىڭ ئاقسۇ رايونىدىكى خىزمەت ئەھۋالى.

ج ك پ ئاقسۇ يەرلىك كومىتېتى پارتىيە تارىخىغا

ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاش گۇرۇپپىسى ........................ ( 78 )

لىن جىلۇ ........................................ لى كەي (160)

چېڭ جيوكې ........................................ شىڭ تۇڭچىڭ (176)

ئاقسۇدىكى «خەلق سايلىمى» نىڭ ھەقىقى ئەھۋالى

...... ... ........................................ باۋدىيەنخۋا (184)

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاقسۇ ناھى-

يەسىدىكى خىزمەتلەرنىڭ باشلىنىشى.............. ژاڭ شىن (197)

تارىمنى ئۆزلەشتۈرۈشتىن پارچە ............ چىن كاۋيۈەن (227)

ئاقسۇ دېگەن نام توغرىسىدا قىسقا ساۋات ....... لۇشى (239)

ماقالە قوبۇل قىلىش ئېلانى ........................ (241)

ئاخىرقى سۆز .................. .......نىيازكايىت (243)

# گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ تارىمغا بەش قېتىم كېلىشى

سەي يۈچى

«جىڭ گاڭشەندە دۇنياغا كېلىپ، نەنىۋەندە يېتىلدى قەيسەر.
تۈمەن جەڭلەردە ياراتتى تۆھپە، تەڭرى تېغىدا ئاچتى بوز يەر.»

گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ يېزا ‑ ئىگىلىك 1 ‑ دىۋىزىيىسىگە (ياپونغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىكى 8 ‑ ئارمىيە 120 ‑ دىۋىزىيىسىنىڭ 359 ‑ بىرىگادىسى، ئازادلىق ئۇرۇش دەۋرىدىكى 2 ‑ كورپۇسىنىڭ 5 ‑ دىۋىزىيىسى) گە يېزىپ بەرگەن بۇ بېغىشلىمىسى بۇ قوشۇننىڭ جەڭگىۋار مۇساپىسىنى ئىخچام ۋە چوڭقۇر شەرھىلەپ بەرگەن، شۇنداقلا گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى قوغداۋاتقان قىسىملارغا بولغان سەمىمىي غەمخورلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە گېنېرال ۋاڭ جېن 359 ‑ بىرىگادىدىكى بارلىق كوماندىر، جەڭچىلەرنى يېتەكلەپ، نەنىۋەندە بوز يەر ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، «ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، ئۆز ‑ ئۆزىنى قامداش» تا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە داڭ چىقارغانىدى.

1949 ‑ يىلى 9 ‑ ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. 10 ‑ ئايدا گېنېرال ۋاڭ جېن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com